ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

ساغلام شىنجاڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد زور

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىگە پائال قاتناشقانلىقى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەن بار
ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە مەن ھەمراھ

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا

4 ـ ئايدىكى شىنجاڭدا باھار شامىلى يۈزنى سىيپاپ ئۆتەتتى، تال ـ تېرەكلەر شىلدىرلايتتى. مەملىكەتلىك 32 ـ قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى مەزگىلىدە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا تولۇق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق تۈزەپ، ئىككى قولى بىلەن پاكىز تۇرمۇش مۇھىتى ياراتتى؛ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى مودىغا ئايلاندۇردى.

ئۈلتۈراقلىشىش مۇھىتى تېخىمۇ پاكىز ۋە رەتلىك بولدى

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى شەھرى مىدۇڭ رايونى تىيېچاڭگۇ بازىرى تىيانشان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ ۋېيخۇا سۇپۇرگىنى ئېلىپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كوچىنى پاكىز سۈپۈردى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، تىيانشان كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسى كەنت ئاھالىلىرىنى چوڭ تازىلىققا پائال قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قولىغا گۈرجەك، سۈپۈرگە قاتارلىق سايمانلارنى ئېلىپ تازىلىق قىلىشى كەنتتىكى كۈندىلىك ئىشقا ئايلاندى.

ئەخلەتلەرنىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىل ئارقىلىق ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىغا توشۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەنت ئاھالىسى جاڭ ۋېيخۇا پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «كەنتىمىز ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ، مۇھىت تازىلىقىنى چوقۇم ياخشى قىلىشىمىز كېرەك!» دېدى.

ئاتۇش شەھرىدە دىققەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، مەھەللە، يېزا ـ كەنت، بازار قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش نۇقتىلىق سورۇنلىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشكە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئاممىۋى تازىلىق مۇھىتى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىۋاتىدۇ.

قوم ـ لاي توشۇش، تام قوپۇرۇش، دەل ـ دەرەخ تىكىش... ئۇدا بىر نەچچە كۈن رەتلەش ئارقىلىق، ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ يېزىسى ۋاق ـ ۋاق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇراخمان ئابدۇغوپۇرنىڭ ھويلىسى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، ھاياتى كۈچكە تولغانىدى.

«كەنتىنىڭ چوڭ لاباسدا ھەر كۈنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيىغا ئالاقىدار مەزمۇنلار ئاڭلىتىلىدۇ، كەنت كادىرلىرىمۇ بىزنى باشلاپ كەنت قىياپىتىنى چوڭ تۈزەشكە قاتناشتى، يەنە كېلىپ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغاچقا، ھويلىمىزدا گۈل، كۆكتات، دەرەخ بار بولدى، شەھەرلىكلەر كەلسە كەتكۈسى كەلمەي قالىدىغان بولدى» دېدى ئابدۇراخمان ئىپتىخارلانغان ھالدا.

تازىلىقتا قاراڭغۇ بۇلۇڭلار قالمىدى، ھويلىمىز يېپيېڭى تۈسكە كىردى، شەھەر ئاممىۋى رايونىمۇ تېخىمۇ رەتلىك ۋە پاكىز بولدى... ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇش، بەختلىك تۇرمۇشقا قۇچاق ئېچىشتەك ياخشى روھىي قىياپىتى باھار كۈنلىرىدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى بىر گۈزەل مەنزىرە لىنىيەسىگە ئايلاندى.

مەدەنىي ساغلاملىق ئېڭى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 8دىن 30مىنۇت ئۆتكەندە، گۈچۈڭ ناھىيەسىنىڭ گۈچۈڭ بازىرى جىنشەن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى پېڭ لىيەن تەنھەرىكەت ئايىغى كىيىپ، دەل ۋاقتىدا ئەتىگەنلىك چېنىقىشقا چىقتى. ئۈلتۈراق رايونىنىڭ ئالدىدا، ھەر كۈنى بىللە پىيادە ماڭىدىغان كونا دوستلىرى بالدۇرلا چىقىپ ساقلاپ تۇرغانىدى.

«ئۆز ساغلاملىقىمىزنىڭ بىرىنچى مەسئۇلى بولۇشىمىزدا، نەپسىمىزنى يىغىشىمىز، كۆپرەك پىيادە يول مېڭىشىمىز، يەنە ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، روھىي ھالىتىمىزنىمۇ ياخشىلىشىمىز كېرەك. ساغلام تەنگە ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىق ئەمەسمۇ.» پېڭ لىيەن مۇنداق دېدى: ئەگەر سىرتقا چىقىپ نەرسە كېرەك سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە، ئېرىم ئىككىمىز ئامال بار پىيادە ماڭىمىز، بۇنداق قىلغاندا ھەم بەدەن چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ، ھەم مۇھىتنى ئاسرىغىلى بولىدۇ.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا، ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇقلار تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۆلچەملىك سەپلىمىسىگە ئايلاندى. ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، دۆربىلجىن ناھىيەسى پۈتۈن ناھىيە دائىرىسىدە مەدەنىي تاماق ئۈستىلى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بىخەتەر، ساغلام، پاكىز، مەدەنىي غىزالىنىشتەك يېڭى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

«ھازىر ماسكا تاقاش، قولنى پات ـ پات يۇيۇش، كۆپرەك ھاۋا ئالماشتۇرۇش ھەربىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندى، ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىش كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۆزىنى قوغداشنى كۈچەيتىشتە ئوخشاشلا مۇھىم، مەن بۇنى قوش قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن» دېدى دۆربىلجىن ناھىيەسىدە ئاشخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لى شياڭ.

مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش، تاماكا تاشلاش، ھاراققا چەك قويۇش، قالايمىقان تۈكۈرمەسلىك، قالايمىقان ئەخلەت تاشلىماسلىق... ياخشى شەخسىي تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن تارتىپ ئاممىۋى تازىلىق مۇھىتىنى پائال قوغداشقىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ساغلام بولۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى قەلبلەرگە سىڭىپ، ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ

ھەربىر كەنتتە بىردىن تازىلىق ئىشچىسى سەپلىنىپ، ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە غول يوللارنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ھەر ئايدا چوڭ تازىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، كەنت ئاھالىلىرى مۇھىت تۈزەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلىندى... ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونى تىيېچاڭگۇ بازىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورناتتى.

كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ مۇش يېزىسى مەڭيول كەنتى ئۈلتۈراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، گۈزەل ھويلا ـ ئاران بەرپا قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇردى. «كەنت ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈلتۈراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، كەنت قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. كەنت ئاھالىلىرىمۇ ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى تازىلايدىغان ياخشى ئادەتنى تەدرىجىي يېتىلدۈردى، بۇنداق مەدەنىي ساغلاملىق ياخشى كەيپىياتىنى چوقۇم داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.» كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمەتجان تىلىۋالدى مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى ياچېيكا يېتەكلەش، پارتىيە ئەزالىرى باشلامچى بولۇش، ئامما قاتنىشىش خىزمەت تەپەككۇرى بويىچە، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇشنى دائىملاشتۇرۇش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پاكىز ۋە رەتلىك، گۈزەل، مەدەنىي، ئىناق ئۈلتۈراقلىشىش مۇھىتىنى پائال بەرپا قىلىپ، مەڭيول كەنتىنىڭ ئۆزىنىڭ ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنى ياراتماقتا.

ۋەتەننى سۆيۈپ، ئائىلىنى سۆيۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ھەممەيلەن قول سېلىپ ئىشلەپ، يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قۇرۇپ چىقايلى. پۈتۈن شىنجاڭغا نەزەر سالساق، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ھەرىكىتىنى دائىملاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان يېڭى مېخانىزم ئورنىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شىنجاڭ كۈچىنى قوشتى!

جۇڭگونىڭ قىرغىزىستانغا بارغان بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگونىڭ قىرغىزىستانغا بارغان بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئون كىشى خىزمەت ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئايروپىلاندا ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە، بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش لېكسىيەسى سۆزلىدى، قىرغىزىستاندا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ۋە كۇڭزى شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ھەم «ساغلاملىق سومكىسى» بىلەن تەمىنلىدى، قىرغىزىستاندىكى خۇاچياۋلار، جۇڭگو مەبلەغ سالغان ئاپپاراتلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتارلىقلار بىلەن سىنلىق ئالاقىلىشىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسى ۋە مۇداپىئە بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تۈرلۈك سوئالىغا سەۋرچانلىق بىلەن تەپسىلىي جاۋاب بەردى. جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاندىكى خۇاچياۋلىرى، جۇڭگو مەبلەغ سالغان ئاپپاراتلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، كۇڭزى شۆيۈەندىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە قىرغىزىستاندا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ۋەتەننىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئاسرىغانلىقىغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىشى كۆپچىلىككە ۋەتەننىڭ غەمخورلۇقىنى تولۇق ھېس قىلدۇردى، كۆپچىلىك تىرىشىپ ئۆزىمىزنى ياخشى قوغداپ، ۋەتىنىمىز خەلقىنى خاتىرجەم قىلىمىز، دۆلەت ئىچىدىكى تۇغقانلىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىمىز.

قىرغىزىستاندىكى مەزگىلدە، بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنە قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى كلىنىكىلىق دوختۇرخانىسى، دۆلەتلىك تېببىي بىلىم ئاشۇرۇش شۆيۈەنى، سەھىيە مىنىستىرلىقى كېسەللەرنى كونترول قىلىش ئىدارىسى تەجرىبىخانىسى، دۆلەت خەتەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللەرنى كارانتىن قىلىش مەركىزى تەجرىبىخانىسى، بىشكەك شەھىرى ئۆكتەبىر رايونلۇق مەھەللە داۋالاش مەركىزى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى نەق مەيداندا زىيارەت قىلدى، چۇخې ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، 20 قېتىمدىن ئارتۇق نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، قىرغىزىستاندىكى دوختۇر ـ سېستىرالار، مەھەللە خىزمەتچى ـ خادىملىرى قاتارلىقلارنى 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم تور ۋە تور سىرتىدا مەسلىھەت بېرىش ۋە تەربىيەلەش بىلەن تەمىنلەپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تەجرىبىسىدىن بەھرىمەن قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، قىرغىزىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ئىسمائىلوۋانىڭ گۇۋاھلىقىدا، قىرغىزىستان سەھىيە مىنىستىرى ئابدۇكەرىموف خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق ئەزالارغا قىرغىزىستان سەھىيە مىنىستىرلىقى بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ئالاھىدە تۆھپە ئوردېنىنى تارقىتىپ بەردى. مۇئاۋىن زۇڭلى ئىسمائىلوۋا خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇم مەزگىلىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىنىڭ قىرغىزىستان تەرەپنى كۆپ نەپكە ئېرىشتۈرگەنلىكى، قىرغىزىستاننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىنى تەرىپلىدى، جۇڭگو تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆرنەك ئېلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمگەك ئارىلىقىدا، چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلاردىن پۈتۈن شەھەرنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پايتەختتىكى مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يېشىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، دۆلەت زېمىنىنى كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ تۇپرىقىنى سىجىل كۆكەرتىپ، گۈزەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، قاقاس تاغلارنى كۆكەرتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كۆكەرتىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور ئېكولوگىيەنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيەلىك كەسپلەر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيەلىك بوشلۇقنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، قەتئىي بوشاشماي ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. خەلق ئۈچۈن كۆچەت تىكىش، ئاممىغا بەخت يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئىلمىي پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇغراپىيەلىك ئېكولوگىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك دەرەخ تۈرلىرىنى ئالدىن تاللاپ، ئۆسۈشكە باب كېلىدىغان دەرەخ تۈرلىرىنى كۆپرەك تىكىپ، كېيىنكى باشقۇرۇش ـ پەرۋىش قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئەي بولۇش نىسبىتى ۋە قاپلاش نىسبىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شەھەر ـ يېزىلارنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پۈتۈن خەلق قاتنىشىش، بوشاشماي كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەلىك كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق قاتنىشىپ، تەشۋىقات يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز موللاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، يېشىللىقنى سۆيۈش، يېشىللىق بەرپا قىلىش، يېشىللىقنى قوغداشتەك دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش كەيپىياتىنى يارىتىپ، يېشىل تەرەققىي قىلىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، بۇلغىنىشنى تۈزەش، شەھەر ـ يېزا مۇھىتىنى تۈزەش قاتارلىقلار بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، خاس ئورمانچىلىق كەسپلەر تەرەققىياتى يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمىنىڭ تەڭ قەدەمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 1 ـ پەسىللىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، قاراپ چىقىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى

ئۆز خەۋەرىمىز 2020 ـ يىلى 1 ـ پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئەرز، پاش قىلىشتىن جەمئىي 7066 پارچە قېتىمنى قوبۇل قىلدى، 13 مىڭ 785 پارچە قېتىم مەسىلە يىپ ئۇچىنى بىر تەرەپ قىلدى، 4256 پارچە قېتىم سۆزلەشتى، خەت ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلدى، 5643 پارچە قېتىم دېلو تۇرغۇزدى، 3826 ئادەمگە جازا بەردى (ئۇنىڭ ئىچىدە 3449 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى). نازارەت ـ ئىدارە دەرىجىلىك كادىردىن 16 كىشى، ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك كادىردىن 100 كىشى، يېزا ـ بۆلۈم دەرىجىلىك كادىردىن 636 كىشى، ئادەتتىكى كادىردىن 358 كىشى، يېزا، كارخانا قاتارلىقلاردىكى باشقا خادىملاردىن 2716 كىشىگە جازا بېرىلدى.

2020 ـ يىلى 1 ـ پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى «تۆت خىل ھالەت»كە تەتبىقلاپ، 13 مىڭ 489 ئادەم قېتىمغا تەنقىد ـ تەربىيە بېرىپ ياردەم قىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ خىل ھالەت تەتبىقلىنىپ تەنقىد ـ تەربىيە بېرىپ ياردەم بېرىلگەنلەر 9598 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم قېتىمنىڭ 71.2%نى ئىگىلىدى، 2 ـ خىل ھالەت تەتبىقلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغانلار 2855 ئادەم قېتىم بولۇپ، 21.2%نى ئىگىلىدى، 3 ـ خىل ھالەت تەتبىقلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغانلار 644 ئادەم قېتىم بولۇپ، 4.7%نى ئىگىلىدى، 4 ـ خىل ھالەت تەتبىقلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغانلار 392 ئادەم قېتىم بولۇپ، 2.9%نى ئىگىلىدى.